2019 - يىل 8 - ئاي
18
يەكشەنبە
维吾尔文 8月18日

# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24791 - سان بۈگۈن 4 بەت

## تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا 20 - قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈش باشلاندى

مۇخبىرىمىز ليۇ دۇڭلەي، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز شياۋ يۈلىي خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ ئۆركىشى تۆۋەن ئېقىندىكى داشىخەيزى سۇ ئامبىرىغا يېتىپ باردى، داشىخەيزى سۇ ئامبىرىدىكى كەلكۈن چۈشۈرگۈسى ۋە يېڭى سۇ قويۇپ بېرىش چۈشۈرگۈسى ئىلگىرى - كېيىن ئېچىلدى، بۇ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا 20 - قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈشنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2019 - يىلى، سۇ يەتكۈزۈشنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان داشىخەيزى سۇ ئامبىرىدا سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ پۇختىلاش قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى. تەكشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، 20 - قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈشتە ئۆتۈشمە شەكىللىك قويۇۋېتىش قوللىنىلغان بولۇپ، سۇ ئامبىرىدا ۋاقىتىنچە سۇ ساقلانمايدۇ، بۇ قېتىم 350 مىليون كۇب مېتىر سۇ يەتكۈزۈش پىلانلانغان بولۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى تۈزەش نەتىجە - ئۈنۈمى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

## مەسىلە يېشىلىشتە چىڭ تۇرۇش تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ كۆزلەش

### — شىنجاڭ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، شىزاڭ باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ليۇ بىڭ، چېن شاڭسەي

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، شىزاڭ مەسىلە يېشىلىشتە، خەلق تۇرمۇشى يېشىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تېپىپ ھەل قىلىپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشنى كۈچەپ چىڭ كۆزلەپ، باش تېما تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىپ ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

■ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىش تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەم 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلار مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش - تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش - ياخشىلاش قاتارلىق 12 جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مۇھىم نۇقتىنى تىزىپ چىقتى. ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار 140 نەچچە قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ۋىلايەت - ئوبلاست - شەھەر، ناھىيە - شەھەر - رايوندا ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 150 نەچچە ئورۇندا نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، 345 مەسىلىنى بايقىدى، 143 مەسىلىنى ھەل قىلدى، 418 كونكرېت تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلار 8835 قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، 9832 مەسىلىنى بايقاپ، 2761نى بىلگەن ھامان دەرھال تۈزەتتى، 3393نى داۋاملىق ئىز قوغلاپ تۈزەتتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەسىلە تىزىملىكى، تۈزىتىش تەدبىرى تىزىملىكى شەكىللەندۈرۈپ، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭدا تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوللايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشتىكى زۆرۈر تەدبىر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى كۈچەپ تۈگىتىپ، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزلۈكسىز يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

يېقىندا، گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى «شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىپ، زور مىقداردىكى پاكىت ۋە تەپسىلىي، ئېنىق سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ قانات يايدۇرغان تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ رېئال ئارقا كۆرۈنۈشى، قانۇن ئاساسى، تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى، خىزمەت نەتىجە - ئۈنۈمى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ھەم تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالىنى ئالتە جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىزمگە زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرىدىغانلىقى، كىشىلىك ھوقۇققا تولۇق ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ۋە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە ۋە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىدەك قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلدى.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانى. بىر مەزگىل، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچراپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلدى، تەلىم - تەربىيە مەركىزى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ ھەم ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى تەلىم - تەربىيەنىڭ پۈتۈن جەريانىغا كىرگۈزۈپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى تېررورىزم،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىردەك مۇنداق بىلدۈردى —

## تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىشتىكى تەدبىر

## شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق چىن قەلبىدىن قوللايدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ

گېزىتىمىز ئۇنىۋېرسال خەۋىرى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئېلان قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: تەلىم - تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىلغا يېقىن زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)لىرى يۈز بەرمىدى، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرۈلۈشى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى روشەن ياخشىلاندى، مىللەتلەر باراۋەر - ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق - رايىش، خەلق تۇرمۇشى تىنچ - ئىناق بولدى. گېزىت، تېلېۋىزور، رادىيو، تور ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئاق تاشلىق كىتابنى ئاڭلىدى، كۆردى، ئوقۇدى، كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبىلەرنى ئىزدىنىپ تېپىپ چىقتى، بىز چىن قەلبىمىزدىن قوللايمىز ۋە ھىمايە قىلىمىز.

■ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولدى

ئاق تاشلىق كىتابنى كۆرۈپ، فۇكاڭ شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ شىنجيەن چىن قەلبىدىن مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇپ، خەلق خاتىرجەم ياشىماقتا، خۇشال - خۇرام ئىشلىمەكتە، بۇ، تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىغانلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بەردى».

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

يۈكسەك سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆھپە قوشۇپ يېڭى دەۋرنىڭ قەدىمىنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىچىدە قىلىش سەپىرى

### «چوڭ سۇپا»غا «كىچىك دەۋرىيلىك»نى گىرەلەشتۈرۈش

## ئاپتونوم رايونىمىز ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە سىجىل كۈچىدى

مۇخبىرىمىز چېن جياڭۋېي خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاقسۇ شەھىرى شىنكاڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كوپېراتىپ باشلىقى جۇ شۆسىن بىر كۈن تىرىشچانلىق بازىسىدا ياڭاق مېۋىسىنىڭ چوڭىيىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىنكى سېتىۋېلىش - سېتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. ئەمدىلا ئاخىرلاشقان جۇڭگو (شىنجاڭ) نامرات رايونلارنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركىلىرىنى تونۇشتۇرۇش يەرمەنكىسى ھەم ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تىيانشان سەپىرى پائالىيىتىدە، جۇ شۆسىن دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن چوڭ تىپتىكى ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىنىڭ زاكازلىرىغا ئېرىشتى.

جۇ شۆسىننى مەنپەئەتلەندۈرگەن پائالىيەت ئاپتونوم رايونىمىز 2018 - يىلدىن باشلاپ «چوڭ سۇپا»غا «كىچىك دەۋرىيلىك»نى گىرەلەشتۈرۈپ بەرپا قىلغان ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىدىكى بىر تۈرلۈك كونكرېت ئەمەلىيەت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشتە ئۇنىۋېرسال ئۆلگە كۆرسىتىش تۈرىنى يولغا قويۇش، يېزىلاردا ئېلېكترونلۇق سودا ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش، توردىكى ۋە تور سىرتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى تېزلىتىش، شۇ جاينىڭ بازار سۇبيېكتى ۋە شىنجاڭ ئېلېكترونلۇق سودا سۈپەتلىك ماركىسىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە سىجىل كۈچەشنى ئالغا سىلجىتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئېلېكترونلۇق سودا تەرەققىيات مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئاشۇرغان توردا پارچە سېتىش سوممىسى 17 مىليارد 418 مىليون يۈەن بولدى، ئېشىش سۈرئىتى %22.75 بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن يۇقىرى بولدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 62 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 62 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، يېڭى دەۋردىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش جەريانىدا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ قوشۇشنى تەتقىق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى يېڭى دەۋردىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ باش تۇتقىسى قىلىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي



تۆمۈر چوڭ جىلغىسى

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ساياھەتچىلەر ئۇنسۇ ناھىيەسىدىكى تۆمۈر چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونىدا سەيلە قىلماقتا. ھازىر دەل ساياھەتچىلىكنىڭ ئاۋات مەزگىلى بولغاچقا، تۆمۈر چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

□ يەن شۈلىن فوتوسى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

## سەنەۋەر: ھەر كۈنى بەختكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتىمەن

□ مۇخبىرىمىز گاۋۋا

سودىگەرلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرى، ناغرا - سۇناي ئاۋازى، شاد كۈلكە ئاۋازلىرى… 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەتىگەندىلا، قەشقەر قەدىمىي شەھەر مەنزىرە رايونى ھەر تەرەپتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى. «دوپپىغا كەشتىلەنگەنى بادامگۈل، بۇ ئەتلەس دوپپا، قىز - ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى كىيسە بولىدۇ.» بىر قول ھۈنەر بۇيۇملىرى دۇكىنىدا مال ساتقۇچى سەنەۋەر مەمەتتۇرسۇن بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ پۇتۇڭخۇادا راۋان ھالدا خېرىدارلارغا دۇكاندىكى تاۋارلارنى تونۇشتۇرۇۋاتاتتى.

«ساياھەتچىلەر مېنىڭ مۇشۇنداق كىيىنىشىمنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ھەممىسى مەن بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدۇ ھەم مەندىن نەرسە سېتىۋېلىشنى خالايدۇ. ئالدىنقى ئايدا مېنىڭ سودا سوممام 30 - 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى.» مۇخبىر بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، 23 ياشلىق سەنەۋەر پات - پات ئوماققىنە كۈلۈپ قوياتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى بېكىندۈرگەنلىكىنى، ھەتتا يەنە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزمەكچى بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

■ كىشىلىك ھايات بىر مەھەل غۇۋالاشقان

دۇكاندا خېرىدارلار يوق ۋاقىتتا، سەنەۋەر ئەتراپتىكى دۇكانلاردىكى ھەدە - سىڭىللار بىلەن ئۇيسۇل ئويناشنى ئۆگەنەتتى. «مەن ئۇيسۇل ئويناشنى بەك ياخشى كۆرىمەن، كىچىك ۋاقتىمدا ئۇسسۇلچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن دادام تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇيسۇل ئوينىمايدىغان بولدۇم» دېدى سەنەۋەر.

كىچىك ۋاقىتلىرىدىكى سەنەۋەر شوخ، ئوچۇق - يورۇق، ناخشا ئېيتىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا ئامراق ئىدى. 12 ياشقا كىرگەن يىلى، سەنەۋەرنىڭ دادىسى تۇگەپ كېتىپ، بوۋىسى بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۆزاق ئۆتمەي ئوقۇشتىن قالغان. بوۋىسىنىڭ تەلىپى بىلەن سەنەۋەر ئۆزۈن كۆڭلەك كىيىدىغان، ناخشا ئېيتمايدىغان، ئۇسسۇل ئوينىمايدىغان بولغان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP